# 47335 - هاراقكەش ئەر بىلەن بىرگە ياشاشنىڭ ھۆكمى

## سوئال

سىڭلىم توي قىلغان بولۇپ، يولدىشى هاراققا بېرىلىپ كەتتى، كېچىلىرى دائىم مەس هالەتتە كېلىدۇ، ئۇنىڭغا كۆپ نەسىھەت قىلىپ چارچاپ كەتتىم، بۇ قىلمىشىدىن قول ئۈزۈشنى تەلەپ قىلدىم، لېكىن ئۇ بۇنىڭغا كۆنمىدى، سىڭلىمنىڭ بۇنداق ئەر بىلەن بىرگە ياششى توغرا بولامدۇ؟ ئۇ بۇ ئەردىن ئىككى پەرزەنتى بار، ئۇنىڭدىن سىرت ئۈلار باشقا دۆلەتتە ياشايدۇ، ئۇ يەردە يالغۇزلۇق ۋە مۇساپىرلىقنىڭ دەردىنى تارتىدۇ، سىڭلىمغا قانداق نەسىھەت قىلىش كېرەك؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق
گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ
پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

بىرىنچى: ئاللاھ تائالادىن
سىڭلىڭىزغا يەتكەن بۇ مۇسىبەتكە
ۋە بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشىغا،
يولدىشىنىڭ توغرا يولغا قايتىپ ھىدايەت تېپىشىغا،
شۇنىڭدەك بۇ گۇناھكار ئائىلىدىن
قۇتۇلۇشىغا ياردەم سورايمىز. ئەمما
سىڭلىڭىزنىڭ ئۇ هاراقكەش ئەر بىلەن
بىرگە تۇرۇش مەسىلىسىگە كەلسەك،
ئەگەر سىڭلىڭىز ئۆزى ۋە
پەرزەنتلىرىنىڭ بىختەرلىكىگە ئىشەنچ
قىلالىسا ئۇ ئەر بىلە بىرگە قالسا بولىدۇ.
شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھمەھۇللاھ
مۇنداق دەيدۇ: “مېنىڭچە، ئايالى
كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلىپمۇ
نەسىھەتنىڭ ئۈنۈمى بولمىغان بولسا، ئۇ

ئەردىن ئايرىلىشنى تەلەپ قىلىشى زۆرۈر
بولىدۇ، ئەمما بەزى ئىشلار ئۇلارنىڭ ئايرىلىشنى
چەكلەپ قويۇشى مۇمكىن، ئۇ بولىسمۇ
ئۇلارنىڭ پەرزەنتى، باللارنى ئاتا-ئانىنىڭ
مېھرىدىن ئايرىپ، تالىقنى ئىلىش قېيىن بولىدۇ،
ئۇنىڭ ئاسيلىقى كاپىرلىق دەرىجىسىگە
يەتمىگەن بولسا، كىينىكى بۇزۇقچىلىقنىڭ ئالدىنى
ئىلىش ئۈچۈن سىڭلىگىز يولدىشى بىلەن بىرگە
قالسا بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئاسيلىقى هاراقكەشلىك
بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇماسلىقتەك كاپىرلىق
دەرىجىسىگە يەتكەن بولسا، ئۇنداق ئەر
بىلەن كۆز يۇمۇپ ئاچقىچىلىك ۋاقتىمۇ
بىرگە تۇرماسلىقى لازىم. (يەنى ئايرىلىپ كېتىشى كېرەك)”.
[ئوچۇق ئۈچرىشىش 518-بەت].

ئىككىنچى: سىڭلىگىزغا قىلىدىغان
نەسىھىتىم: ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش
ئەھۋالى ۋە باشقا تەرەپلىرىگە قاراپ،
يولدىشىنىڭ ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى بىلەن
مەسلىھەت قىلىشى كېرەك، چۈنكى ئۇلار ئۇ
ئەرنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلىدۇ، ئاندىن بۇ
ئىشتا ئاللاھ تائالاغا ئىستىخار قىلىشى لازىم يەنى ئاللاھقا سىغىنىپ ئىككى
رەكەت ناماز ئوقۇپ، ئىشىنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا
ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىشى لازىم. ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ئىلتىجا قىلغان
بەندىسىنى ھەرگىزمۇ زايە
قىلىۋەتمەيدۇ. بەزى
ئەسەرلەردە: **«ئاللاھقا ئىستىخارە قىلغان كىشى خار**
**بولمايدۇ، مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلغان كىشى پۇشايمان**
**قىلمايدۇ»** دېيىلگەن.

سىڭلىم! سىز ئۇ ئەر
بىلەن ئايرىلىشنى ياكى بىرگە ياشاشنى تاللاڭ، يەنىلا
ئاللاھنىڭئورۇنلاشتۇرۇشىغا رازى بولۇپ، سەبىر قىلىپ،
ئاللاھتىن بۇنىڭغا ساۋاپ ئۈمىد قىلىڭ.ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە
مۇنداق دەيدۇ:﴿وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ﴾تەرجىمىسى:
**«بىشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان**
**زەخمەتلەرگە سەبىر قىلغۇچىلارغا ياخشى**
**ئاقىۋەت بىلەن (يەنى جەننەت بىلەن)**
**خوش-خەۋەر بەرگەن»**. [بەقەرە
سۈرىسى 155-ئايەت].

توغرىنى
ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.

تەرجىمە قىلغۇچى:
سەييىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ
بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى